## خىتاينىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى ئاتوم يادرو قورالى سىناقلىرىغا -
## قارشى ئۈرۈمچى بىلەن بېيجىڭدە كۆتۈرۈلگەن چوڭ نامايىش ،
## دەخلىيىنىڭ مەركىزى ھۆكۈمەتتىن ئىستەكلىرى :

غلام الدين پاختا —————— ئاقبىش - نىيۇ يورق :

پۈتكۈل دۇنيا خەلقىنىڭ چوڭ ئۈمىد ۋە ئارزۇلار بىلەن 1986 نىڭ يېڭى يىلىغا قەدەم بېسىش ئالدىدا تۇرغان بىر چاغدا « يونايىتەت پىرەس ئىنتەرناتسىئونال » خەبەرلەر مەركەزى ، بېيجىڭدىكى ئۇيغۇر تەلەبە (ئوقۇغۇچىلىرى) نىڭ شەرقى تۈركىستاندا ئۆتكۈزۈلىۋاتقان خىتاينىڭ ئاتوم بومباسى سىناقلىرىغا قارشى — 1985 نى يىلى 12 نى ئاينىڭ 22 نى كۈنىگە راسلىغان يەكشەنبە كۈنى چوڭ بىر نامايىش كۆتەرگەنلىكىنى بىلدۈردى . پۈتكۈل دۇنيا خەلقىنىڭ دىققەت نەزەرىنى ئۆزىگە تارتقان بۇ پەۋقۇلئادە خەبەر ، دۇنيانىڭ بارلىق مەتبۇئات ۋە نەشرىياتلىرىدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلىدى . شۇ جۈملىدىن 1985-12-24 دە نەشىر ئەتىلگەن ئامېرىكانىڭ ئەڭ ئاتاقلىق مەشھۇر گېزىتى « دى نيو يورق تايمس » ئۆزىنىڭ بىرىنچى سەھىپىسىدە بۇ مەۋزۇغا ئورۇن بەردى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر كۈندە نەشىر ئەتىلگەن ئامېرىكانىڭ بىر نومۇرلۇق خەنسۇ (خىتاي) تىلىدە چىقىدىغان بولۇپمۇ چەتئەللەرگە تارقالىدىغان « جوڭ باۋ » ناملىق گېزىتمۇ ، بۇ نامايىش ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەردى . ۋە « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدە تەئلىم تەربىيە كۆرگۈچى تۆرت يۈزگە يېقىن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئوندىن زىيادە يىغىلىپ تەلەپ ۋە نەشتەكلەر بىلەن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەركەزى بىناسى ئالدىدا جاسارەت بىلەن نامايىش قىلىپ چىققانلىقى »نى چوڭ - قىزىل ۋە قارا ھەرپلەر بىلەن باش مەۋزۇ قىلىپ بېسىپ چىقدى . ئەڭ ئاتاقلىق -

ۋاشىنگتون پوست گېزىتى مۇ يانا شۇنىڭغا ئوخشاش « بەيجىڭدە ئوچيۈزدىن كۆپ
ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلەرى ئاتوم يادرو سىناقلەرىگە قارشى نارازىچىلىق نامايىشى كۆتە-
-ردى » دەپ خەبەر بەردى. بىز بۇ ئۈچ گەزىتتىن خۇلاسە چىقارساق ئۇنىڭ مەز-
مۇنىنى تەقدىم قىلىمىز: « دىنيو يورق تايمس » گېزىتىنىڭ بەيجىڭدىن خەۋەر
قىلىشىچە : خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇندىن كېيىن ھېچ قانداغ بۇ خەلىق ۋەتەلەبە.
نامايىشلەرى ئىككىنجى قېتىم يانا تەكرارلانماسۇن ! دەپ چاقىرغان كەسكىن ئەمىرلەرگە
قارىماستىن بەيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلەرىدە ئوقۇپ تۇرغۇچى تۆرت يۈزگە يېقىن ئۇيغۇر
تالەبەلەر خىتاي خەلق جۇمھورىيەتى دۆلىتىنىڭ پايتەختى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ
يۈرەك مەركىزى سانالغان بەيجىڭنىڭ دۆلەت رەئىسلەرى تۇرۇشلۇق بىنالەرگە
يېقىن تيەنئەنمەن مەيدانىدا ، ئاتوم بومباسى سىناقلەرى بىلەن بىرقاتاردا.
« شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى » دەپ ئاتالغان شەرقى تۈركىستاندا ھۆكۈم
سۈرۈپ كەلىۋاتقان ھەقسىزلىق ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يولغا قويغان يېڭى ئۆزگۈرۈشى
سىياسەتلەرىگە قارشى پىروتەسست يەنى نارازىلىق بىلدۈرگەن چوڭ بىر نامايىش
ئۆتكەزدى. بۇ نامايىشنىڭ بۇندىن بۇرۇن خىتاي ئوقۇغۇچىلەر تەرپىدىن -
جۇڭگو - ياپون مۇناسىبەتلەرى بىلەن باغلانىشلىق ئۆتكەن نامايىشىدىن پەرقى
يەنى دىققەتنى ئەزەرى ئۆزىگە جەلب ئەتكەن تەرپى شۇ بولدىكى ، بۇ ئاخىرقى تەلەبە
نامايىشىنى تەرتىپلىگۈچى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلەرنىڭ ئىلغاولەرى قولغا ئەلىندى ۋە
قالغانلەرنىڭ ئەرز ۋە نۇسخەلەرىنى ئالا قىلىپ ھۆكۈمەت باشلىقلەرىگە تاپشۇ-
رۇشقا رۇخسەت قىلىندى. گېزىت مۇخبىرىنىڭ بىلدۈرىشىچە ، چەتئەللىك خە-
ۋەر ئىدارىسى نىڭ بىرسىگە تېلفون ئەتكەن بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىسى : « بولغان ناما-
يىشىمىز 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئىككى مىڭدىن زىيادە ئوقۇغۇچى ياشلەرنىڭ ئىشترا-
كى بىلەن ئۈرۈمچىدە بولۇپ ئۆتكەن چوڭ نامايىشنىڭ داۋامىدۇر! » دەپ بىلدۈرگەن.

مەلۇم بولغانىدەك بۇ ياشلەر نامايىشىنى قوزغىغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلەردى، خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتى نىڭ «پارتىيەگە سادىق يىگى كادىرۇ» لەرنى تەييارلاش ئۈچۈن. شەرقى تۈركىستانىدىكى تالانىپ بويەرگە (بەجىنگە) ئەۋەتىلگەن ۋە كۆپ بۆلۈمى بۇيەردىكى "بەجىن يەرلىك مىللەتلەر مەركەزى ئۇنىۋېرسىتېتى،، دە تەلىم تەربىيە كۆرگۈچى ئۇيغۇرلەردۇر. دېنيو يورق تايمس گېزىتى نىڭ بەجىن دى بىلدۈرۈشىچە: ھۆكۈمەت نىڭ قاتتىق چارىلەر كۆرۈپ كەسكىن ئەمىرلەر چىقارغانى ھالدا ئۇيغۇر ياشلەرى نىڭ چوڭ جاسارەت بىلەن بۇنداغ نامايىشى كۆتۈرۈپ چىقىشى ھۆكۈمەت ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن فوقۇلئادە بىر ۋاقىئە بولدى ۋە ئالاقىلىق ئورۇنلەرنى شاشىرىتتى. يانا گېزىت نىڭ قوشۇمچە قىلىشىچە، مۇنىڭغا ئوخشاش نامايىشلەر باشقا تۆرت ۋىلايەتلەردە ھەم بولۇپ ئۆتتى. خوش بۇ نامايىشلەرنى كۆتەرگەن ئۇيغۇر ياشلەرى ھۆكۈمەتتىن نېمە ئىستەدى ۋە نېمەگە قارشى قوزغالدى؟ نى بۇنى شۇ يوقارىدا ئىسمى كەچكەن گېزىتلەردىن خولاسە چىقارىپ شۇ تۆۋەندىكى ئون ماددە ئاستىدا ساناپ ئۆتىمىز. بۇ تەلەپلەرنىڭ قىسقىچە مەزمونى شۇلەردىن ئىبارەتتۇر:

1- ئاتوم يادرو قورالى (ئاتوم بومباسى) سىناقلەرى دەرھال توختىتىلسۇن!

2- نوپۇس (تۇغۇت) كونترولى چەكلىنىشى قالدۇرۇلۇپ بۇرۇنقى ھالىغا كەلتۈرۈلسۇن!

3- چىن دۆلەت قانۇنى بىلەن كاپالەت ئاستىغا ئېلىنغان «يەرلىك مىللى مۇختارىيەت ھوقوقى» ئەملى ساھادا تولوقى بىلەن ئورۇندالسۇن!

4- يەرلىك خەلقكە سايلام ھەققى بېرىلسۇن! يەنى سايلاش ھەققى بېرىلسۇن

5- ئۇيغۇرلەرگە ئالى بىلىم ئېلىش ئۈچۈن كۆپرەك ھەق تونۇلسۇن!

6- يۇرتىمىزدا مەئارىپ-ئاقارتىشلەرىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلسۇن!

7- چەت ئەللەردە تەلىم تەربىيە كۆرۈش ئۈچۈن ئۇيغۇرلەردىن كۆپرەك كىشىلەرگە رۇخسەت بېرىلسۇن ۋە ئۇلەردىن كۆپرەك سىرتقا يوللانسۇن!

8 - يۇرتىمىزغا ئۆزلۈكسىز كەلتۈرىلىۋاتقان ئەخلاقى بۇزۇق ناچار خىتاي موھاجىرلەرى دەرھال توختۇتۇلسۇن !

9 - ئىسمائىل ئەھمەت بۇرونقى ۋەزىفەسىگە كەلتۈرۈلسۇن ۋە يېڭى- دىن ئۇنىڭ ئورنىغا كەلتۈرۈلگەن تۆمۈر داۋامەت چىقارىلسۇن چۈنكى ئۇ- نىڭ بۇ ئىشى ئۈچۈن قابىلىيەتى يوق دۇر

10 - بىز « تولۇق موختارىيەت » ئىستەيمىز! يەنى ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز- ئىدارە قىلىپ باشقۇرۇشنى ئىستەيمىز.. دىيىدۇ !

بۇ شەرقى تۈركىستان مۇنەۋۋەرلەرى نىڭ بىردەك ئاغزىلەرىدىن چىققان كەسكىن تەلەپ ۋە ئىستەكلەرىدىن نمۇنەلەردۇر . . .

ئامېرىكا قوشما شتاتلەرى ( ئاقش ) نىڭ ئاتاقلىق گېزىتى The New york Times نىڭ يەزىشىچە : مەركىزى ھكومەت 1964 نى يىلىدىن بويان شرقى توركىستان نىڭ لوپنور كولى باغرىدا ئوچوق ھوادا 25 قەتىم ئاتوم بومباسى يادرو قورالى نى پارتلاتىپ تەجرۇبەدىن ئوتكەزدى . شوھەممىگە ئوچوق مەلۇم كى بويەردە پارتلاغان ئاتوم بومباسى نىڭ ئاسمانغا ياغقان « رادىئوئاكتىف » يەنى ئۆلۈم چاچقۇچ زەھەرلىك كۆللەرى بويەرگە يېقىن ياشىغۇچى ۋە ياكى بويەرگە يېقىن- يولۇققان خەلق نىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن داۋاسىز چوڭ بىر فاجىئە ۋە ھالاكەت بولۇپلا قالماستىن بويەردىكى پۈتكۈل جانلىق ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھاياتى ئۈچۈن مۇ تەھلىكىلىك بولاۋاتىدۇ . ۋە ئىنسانلەرنىڭ تەن سالامەتلىكى ئۈچۈن چوڭ زەرەرلەر كەلتۈرى- ۋاتىدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن ئەركى ئاتوم يادرو قوراللەرى نىڭ دائىما بويەردە سىناقىنى ئۆتكۈزۈلىشى شەرقى تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن كەلگۈسىدەكى مۇھىم مەسىلەلەردىن بىرسى بولىدىغاندەك كۆرۈنۈدۇ، دەپ نيويورك تايمس گېزىتى نىڭ مۇخبىرى بەجىندىن بىلدۈردى ! بۇندىن باشقا يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تەلىم تەربىيەسى مىللى مەئارىف مەسىلەسى

بولۇپمۇ «مىللى مۇختارىيەت» نىڭ قەغەز يۈزىدە ئىسمى ئىشى ساقلانسىدا،
تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىشى يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلەۋى تۇرمۇش
ۋە دىنى ئېتىقاتلىرىغا ھۆرمەت ئېتىلىشى شۇنداقلا ئۇلارنىڭ نەسىللىرىنىڭ
بۇزۇلۇپ چوڭ مىللەتلەر تەرىپىدىن ئاسسىمىلاپ يۇتۇلۇشىغا يول قويماسلىققا
ئوخشاش مەسىلەلەر، پۈتكۈل شەرقى تۈركىستان خەلقى تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنىپ
ئالغا سۈرۈلگەن ۋە سۈرۈلىشى لازىم ۋە زۆرۈر بولغان مۇھىم دەۋالەردىن بىرسى
دۇر! ۱۹۴۹-نچى يىلى نىڭ چوڭ ئۆزگۈرۈشىدىن ئالتە يىل كېيىن يەنى 1955-نچى يىلى
10-نچى ئاي نىڭ بىرىنچى كۈنى خىتاي مەركەزى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېلان ئەتىلگەن
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونى» نىڭ 30-نچى يىلىنى چوڭ «بايرام كۈنى» دەپ
قۇتلاپ تەخى ئۇنىڭ داغدۇغىلىق ساداليرى چىن مەتبۇئات ۋە نەشرىياتلىرىدا-
داۋام قىلىپ تۇرغان بىرچاغدا شۇ ئاۋتونوم رايون نىڭ پايتەختى بولغان ئۈرۈمچى-
بىلەن دۆلەت نىڭ مەركىزى بەيجىن دە كۆتۈرۈلگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى زىيالىلەرى
نىڭ نامايىشى پۈتكۈل دۇنيا خەلقى ئەفكارى ئالدىدا شۇ ھەقىقەتنى ئاشكارا قىلىپ
ئەنىقلاپ بەردىكى: بۇندىن 30 يىل بۇرۇن شەرقى تۈركىستان يەرلىك خەلقى-
ئۈچۈن مەركەزى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ۋەدە قىلىنغان ۋە چىن خەلق جۇمھۇرىيىتى
مىللى قۇرۇلتايى تەرىپىدىن تەستىقلانغان «ئىسمى ئۇلۇغ سوپرىسى قۇرۇق»
«مىللى مۇختارىيەت» ھوقۇقى تەخى ھازىرغىچە لىك ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىدى!
بۇنىڭ ئەكسىچە بۇندىن 35 يىل بۇرۇن ئۆلكە خەلقى نىڭ 75 پىرسەنتىنى تەش-
كىل ئەتكەن ئۇيغۇرلار ھازىر 40 پىرسانتىغە تۆۋەن بولۇپ 1953 يىلىدا ئاران
ئالتە پىرسانتنى تەشكىل ئەتكەن خەنسۇ (خىتاي) لار ھازىر پۈتكۈل ئۇيغۇر ئاپتو-
نوم رايون خەلقى نىڭ يەرىمىغا باراۋەر بولۇپ قالدى! بۇ ھال يانا شۇنداغ داۋام-
ئەتسە بۇ يۇرتنى يانا قانچە يىل «ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونى» دەپ ئاتىغىلى بولۇدۇ؟